# غەيرەت قىلىش ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش

## ـــ شىنجاڭ كۈچ توپلاپ ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭى قىلدى




□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شۈ چېڭ

ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيە بار. بۇ يىل ئەتىيازدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەر ھەسسىلەپ تىرىشىپ، كىرىچنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىگە كۈچ توپلىدى.

### ھەسسىلەپ تىرىشىش نامراتلىقتىكى ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە قەسەم قىلىش

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولدى، تيەنجىن جىنكىبىن چارۋىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكى ۋاڭ خۇبىن جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شۈۋول يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. كارخانىدىن شىنجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن كادىر، تېخنىك خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ نامرات دېھقانلارنىڭ قوينى ياخشى بېقىشتىكى يۆلەنچۈكى بولدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە ۋەۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپلا قالماي، ۋاڭ خۇبىنغا ئوخشاش نەچچە ئون مىڭ نامراتلارنى يۆلەش كادىرى بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ نامراتلىقتىكى ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە قەسەم قىلدى.

يەكەن ناھىيەسى دۆڭباغ يېزىسى يۇقىرى ئايكۆل كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى يۇ پېڭفېي چاغاندىن ھازىرغىچە نامراتلارنى يۆلەش بىرىنچى سېپىدە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «ئۇ بىزگە ياردەملىشىپ كۆكتات تېرىش كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ بەردى، يەنە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى.» كەنت ئاھالىسى مەمتىمىن ھوشۇر مۇنداق دېدى: شۇجى چاغاندىمۇ ئۆيىگە قايتماي، كەنتتە ئىزچىل ئالدىراش بولدى.

يۇ پېڭفېي ۋە نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، يۇقىرى ئايكۆل كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەر 2017 - يىلىدىكى 193 ئائىلىلىك 733 كىشىدىن 2019 - يىلىدىكى بەش ئائىلىلىك 19 كىشىگە ئازلىدى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 30%تىن 1%كە تۆۋەنلىدى.

ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. 2020 - يىلى ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 96 مىليارد 730 مىليون يۈەن چىقىم ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.4% ئېشىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلەغ سېلىنمىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

### «بۇيرۇتما»لىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق

شىنجاڭ تيەنما ئېكولوگىيەلىك يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىدە يەكەن ناھىيەسىدىن كەلگەن ئابلەت ئابدۇرېشىت قوي سويۇۋاتاتتى. «ھازىر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىۋاتىمەن» دېدى ئابلەت خىزمەت ئارىلىقىدا خۇشال ھالدا. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئاساسلىق كىرىمى مەدىكارلىقتىن كېلەتتى، كىرىمى تۆۋەن ھەم مۇقىم ئەمەس ئىدى.

ئابلەتنىڭ ئۆزگىرىشى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن. بىراق يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. «بۇيرۇتما»لىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسىتىدە بىرمۇ ئادەم چۈشۈپ قالمىدى.

يەكەن ناھىيەسىدىكى نۇرىماڭۇل ئەخەت نەچچە كۈندىن بۇيان ئوت ئوتاش، سۇغىرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئائىلىسىنىڭ ئۈچ مو يەردىكى سەبدەرگۈل مايسىسىنى ياخشى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن، ئۇ سەل يېتىشەلمەي قالدى.

سەبدەرگۈلنى ھەم تاماشا قىلغىلى، ھەم يېگىلى بولىدۇ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كىلىماتىمۇ سەبدەرگۈل ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. شۇ جايدىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى دېھقان ئائىلىلىرىنى سەبدەرگۈل تېرىشقا يېتەكلەشتەك بىر يولنى ئويلاپ تاپتى. يەنە مەخسۇس مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ، سېتىۋېلىش شىركەتلىرىنى كىرگۈزۈپ، ياخشى تېرىش، سېتىپ چىقىرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«سەبدەرگۈل تولۇق ئېچىلغاندا كارخانىلار كېلىپ بىرتۇتاش يىغىۋالىدۇ، ھەر كىلوگىرامى 1.05 يۈەن.» نۇرىماڭۇلنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلتۇر ئۇ ئۈچ مو يەردىكى سەبدەرگۈلىدىن 7500 يۈەن كىرىم قىپتۇ.

ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن «بۇيرۇتما»لىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چارىسى قوللىنىش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تېمىسىنىڭ مەنىسى. نامرات نوپۇسنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا قارىتا، شىنجاڭ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز جايىدا كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا، يەنە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى سېتىۋېلىش، چېگرا قوغدىغۇچىسى قىلىش، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق كۆپ خىل نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرىنى يولغا قويدى.

### نەتىجىنى ساقلاش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىرىنچى سەپتىكى «نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلغان» خادىملار كىرىچنى تېخىمۇ چىڭىتتى، بوشاشمىدى.

خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى سۇيا لەڭگەر كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى مۇختەر ھوشۇر يېقىندا ئۆيمۇئۆي زىيارەت قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «ئەمگەك كۈچى بارلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يوقلارنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلدۇق».

سۇيا لەڭگەر كەنتى 2018 - يىلى كەنت بويىچە پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ يىل ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان، بۇ جاي شىنجاڭنىڭ «تۆت خىل رەڭ» قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى بويىچە، «قىزىل رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى» بەلگىسى بار 45 دېھقان ئائىلىسىنى تولۇق تاللاپ چىقىپ، قاراتمىلىقتا ئىگە ھالدا كۆپ خىل ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرىنى قوللاندى.

قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى قۇرۇپ، ھەر ۋاقىت يېڭىلاپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى پۈتۈن مۇساپىلىك كۆزىتىپ، كېسەل، ئىشسىزلىق، مېيىپلىك، ئاپەت، ئوقۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپىگە ھەرىكەتچان سىگنال بېرىپ، «بىرمۇ ئائىلە چۈشۈپ قالماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«خىزمەتتە يېتەرلىك پۇختا، يېتەرلىك ئىنچىكە بولۇپ، بالدۇرراق ياردەم قىلساق، يۆلىسەكلا، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ئىقتىسادى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەدقىقات يۇرتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى ئىشقۇل يېزىسى قوتاندۆك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى رېن يۈگېڭ.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش «جەڭچى»لىرى ھەسسىلەپ قىزغىنلىقى، ھەسسىلەپ تىرىشچانلىقى بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ جەڭگاھىغا ئاتلاندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# شاڭخەي شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى

قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ۋاڭ جىخېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «يولغا چىقتىڭلار!» 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سائەت 12دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شاڭخەي شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى خۇ جىجۈننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، قەشقەرنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى لىق قاچىلانغان بەش چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى سىگنال بېرىپ، شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقتى.

شۇ كۈنى، شاڭخەي شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش بويىچە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە كۈچ قوشۇش كېلىشىمى ئىمزالاش ۋە يولغا چىقىش مۇراسىمى يەكەن ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىم جەمئىي 360 مىليون يۈەنلىك خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە شاڭخەيدىكى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى نۇقتىلىق كارخانا — شاڭخەي مىنلۇڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى 100 مىليون يۈەنلىك كېلىشىم ئىمزالىدى. نەق مەيداندا يولغا چىققان بەش ئاپتوموبىلدىكى ماددىي ئەشيالار ئاساسلىقى يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مارالبېشىدىن ئىبارەت تۆت ناھىيەدىن چىققان بادام، ياڭاق، چىلان قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدۇر.

2018 - يىلىدىن باشلاپ، شاڭخەي شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى يېڭىچە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، «توردا، ئەمەلىي گەۋدىدە قوش لىنىيە بويىچە ھەمتۈرتكە بولۇش» ۋە «سودا چەمبىرىكىگە كىرگۈزۈش، مەھەللىگە كىرگۈزۈش، كۆكتات بازىرىغا كىرگۈزۈش، ئورگانغا كىرگۈزۈش، مەكتەپكە كىرگۈزۈش، كارخانىغا كىرگۈزۈش، مېتروغا كىرگۈزۈش، مېھمانسارايغا كىرگۈزۈش، بانكىغا كىرگۈزۈش»تىن ئىبارەت «قوش لىنىيە، توققۇز كىرگۈزۈش» پائالىيىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تولۇق قوزغاپ، قەشقەرنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شاڭخەي شەھىرى ئاھالىلىرىگە يەتكۈزدى. 2019 - يىلى، شاڭخەي ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە قەشقەرنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ شاڭخەيدە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 135 مىڭ توننىغا يېتىشىگە تۈرتكە بولدى، سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

2010 - يىلى يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شاڭخەي قەشقەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كادىر، ئىختىساسلىق خادىمنى تاللاپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، جەمئىي 19 مىليارد 500 مىليون يۈەن مالىيە ياردىمى مەبلىغى ئاجراتتى، 1180 نەچچە تۈرنى ياردەم بېرىپ قۇردى. مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 1144نى كىرگۈزۈشكە ياردەم بەردى، نەقلەشكەن مەبلەغ 60 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 45 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. 2019 - يىلى شاڭخەي نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۆت ناھىيەدە 14 مىڭ ئائىلىدىن 49 مىڭ كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

خۇ جىجۈن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى پائالىيەت شاڭخەي شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ «قوش لىنىيە، توققۇزغا كىرگۈزۈش» بويىچە يېڭىچە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى، كېڭەيتىلىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىلىشى بولۇپ، بۇنىڭدا تۇنجى قېتىم بىر تۈركۈم ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى كارخانىلىرى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بايلىقى كۆلچىكىگە بىرىكتۈرۈلدۇ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش ئۈنۈم ئېففېكتى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرى خوتەنگە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈرىدىن 31نى بېكىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يې شياۋمىننىڭ** ئۈرۈمچى شەھەرلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئۈرۈمچى شەھىرى ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈرىدىن 31نى بېكىتكەن، يىللىق ياردەم بېرىش - يۆلەش مەبلىغى 190 مىليون يۈەن بولۇپ، نىشانلىق ھەمكارلىشىپ خوتەن ۋىلايىتىگە ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى ئىزچىل زورايتىدىكەن.

بۇ تۈرلەر مائارىپ، داۋالاش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، خاس باقمىچىلىق، ئېلېكترونلۇق سودا، ساياھەت، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تەربىيەلەش، ھويلا - ئاراي ئىگىلىكى، ئۆل ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى كەسىپلەرگە «قان ئىشلەش» شەكلىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، كىيىم - كېچەك، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كارخانىلارنى كىرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ؛ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ يىل ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە تۈر ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىراجىتىدىن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسپىي كوللېكتىپ تەكلىپ قىلىپ، خوتەننىڭ ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونىنى پىلانلىشى ۋە 1000 مولۇق ئەشيا ئوبوروتى باغچىسى تۈرىنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ، دۆلەت مەبلىغى كارخانىلىرى، پۇقراۋى كارخانىلارنى ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەم يېتەكلەيدۇ. ھازىر، ئەشيا ئوبوروتى باغچىسى دەسلەپكى لايىھەلەش پىلانىنى تاماملىدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاپ، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى جيۇدىڭ، شىنلىيەن قاتارلىق كۆكتات تۈپ سېتىش بازارلىرى مەخسۇس رايون ئېچىپ، خوتەننىڭ كۆكتاتلىرىنى ساتتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇرغۇن كۆكتات بىۋاستە سېتىش نۇقتىلىرىنى باشقۇرىدىغان كارخانىلار خوتەن ناھىيەسى بىلەن كۆكتات تېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) جۇڭيا شىمالىي يولى تەۋەلىك رايونىدىكى خۇارۇن ۋەنجيا تاللا بازىرىدىكى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش بويىچە گۇما ناھىيەسى سانجۇ بازىرىنىڭ مەخسۇس پوكىيىدە ياڭاق مېغىزى، چىلان قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا، يەنە مايمۇنباش موگۇ، ئاق مور قاتارلىق شۇ جايدا يېتىشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىمۇ بار.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2019 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر يىلى 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆكتات ۋە ئۆي قۇشلىرى گۆشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئۈرۈمچىگە توشۇشى ئۈچۈن توشۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

بارغانسېرى كۆپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا بازىرىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. ئەلا سۈپەتلىك ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى كارخانىلىرى، داڭلىق ماركىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش - سېتىش كارخانىلىرىنى تەشكىللەپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى بىلەن باغلىنىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك، ئانار، چىلان قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ئېلېكترونلۇق سودا جەمئىيىتى باش بولۇپ خوتەن ۋىلايىتىدىكى 32 ئېغىر نامرات كەنتتە يېزا ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، خوتەندىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى. ھازىر، ئۈرۈمچىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى قەدەممۇقەدەم نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش زەنجىرى شەكىللەندۈرۈپ، توردا سېتىش ماركىسى يارىتىپ، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

# ئاپتونوم رايونىمىز «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى شۈيتاشەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى يىخې مەھەللىسىنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىدا «كىچىك ئائىلىدىن چەكسىز مۇھەببەت تارقىتىش ئائىلە دۆلەت ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش» باش تېمىسىدىكى «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، بالىلارنىڭ ئۆيدىكى ئالاھىدە تەتىل تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى «مۇھەببەت شىنجاڭدا — تور بالىلار قىشلىق لاگېرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سالام خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، بىر كىتاب ئوقۇش، دائىم چېنىقىش، ئاشپەزلىك ماھارىتى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بالىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىپ قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشنى، ئەمگەكنى سۆيۈپ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى، دائىم چېنىقىپ بەدىنىنى ساغلاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. پائالىيەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بالىلارنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، تورلۇك ئەسەردىن جەمئىي 961 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى.

بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ تىببىي داشۆسى تارماق دوختۇرخانىسىدىن خۇبېيغا ياردەمگە بارغان داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورنىدىكى بالىلار، SOS بالىلار كەنتىدىكى بالىلار ۋە دىڭ چاۋشيا «شادلىققا تولغان كىچىك ئۆي»دىكى بالىلاردىن ھال سورىدى ھەم 24 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بايراملىق سوۋغا تەقدىم قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە بالىلار بايرىمىدا قول تۇتۇشۇش پائالىيىتى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ۋە يېشىل ھەمتۈرتكە بولۇش، كىتاب تەقدىم قىلىپ ھەمتۈرتكە بولۇش، تەشەببۇس قىلىپ ھەمتۈرتكە بولۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىكەن.